ئۇيغۇر سوتى – گۇۋاھچىنىڭ پاكىت باياناتى

UTFW2-001 _ گۈزەلنۇر روزى

ئايال ، 36

مەن 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە تۇغۇلغان جۇڭگولۇق ئۇيغۇر. مەن خەنزۇ تىلى ئورتاق تىلدا ماتېماتىكا ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. بەش يىلدىن بۇيان يولدىشىمنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ھازىر ئىككى كىچىك بالام بىلەن گېرمانىيەدە تۇرىمەن.

**مېڭە يۇيۇش ۋە ئاسسىمىلاتسىيە**

1. مەن 2009-يىلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى باشلىدىم. ھەر چارشەنبە چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن تۆت سائەت مەجبۇرىي سىياسىي تەربىيە بار ئىدى. بارلىق ئوقۇتقۇچىلار قاتنىششى كېرەك ئىدى. ئەگەر بارمىسىڭىز كومپارتىيەگە قارشى دەپ قارىلىپ مائاشىڭىز ۋە يىللىق مۇكاپات پۇلىڭىزنى تۇتۇۋالاتتى. سىياسىي دەرسلەر مەن خىزمەت باشلاشتىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. ئەمما، 1998-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن باشلاپ، مېنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش دەرسلىرىم بار ئىدى. مەن 2008-يىلى يەسلىدە 6-7 ئاي پراكتىكا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 2009-يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ۋە رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولدۇم. قايسى مەكتەپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتقۇم يوق، ئەمما ئۇ ئۈرۈمچىدە ئىدى.

2. سىياسىي دەرس ئاساسلىقى كومپارتىيە خەۋەرلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، خەنزۇ «قەھرىمانلىرى» ۋە CCP نىڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىلىرى تەكىتلىنەتتى. سۆزلىگۈچى كومپارتىيە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنى جازالاش، تەنقىدلەش ۋە ھاقارەتلەش توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئۇلار شى جىنپىڭنىڭ پائالىيىتى ۋە پەلسەپىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭغا ھەمىشە قايىللىقىنى بىلدۈرەتتى. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەلىرىمۇ بار ئىدى ئەلۋەتتە. ئۇلاربىزنى غەرب دۆلەتلىرىنى ھاقارەتلەشكە ئىلھامدۇراتتى. ھۆكۈمەتكە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت نېمە دېسە، ئۇلار شۇنى تەكرارلايتتى. بىزنىڭ ھېچقانداق چەتئەلنى ياقتۇرۇشىمىزغا يول قويۇلمايتتى. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇلار سىزنى روھىي جەھەتتە مەسىلىسى بار دەپ قارايتتى. شىنجاڭدا كۆپىنچە كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇق ياكى ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئېنىقكى، بۇ تېمىلارنى سۆزلىسىڭىز جازاغا ئۇچرايسىز.

3 .بۇلارنىڭ ھەممىسى كومپارتىيەنى ياخشى كۆرۈشكە مەركەزلەشكەن مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى ئىدى. دەرسلەرنىڭ مەزمۇنى ھەر ھەپتە ئۆزگىرەيتتى. بۇ دەرس مەزمۇنلىرى بېيجىڭدىن شىنجاڭغا بىۋاستە ئەۋەتىلگەن. پۈتۈن مەكتەپ دەرسلىكى بېيجىڭدىن كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭدا تەييار قىلىنمايتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېنىق سىياسىي تەربىيە بېرىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى بىر قەدەر سىياسىي ئىدى. ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق تېمىلىرى چەكلەنگەن ئىدى.

4. ئوقۇتقۇچىلار سىياسىي ئۆگىنىشكە كەتكەندە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز- ئۆزىنى باشقۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت قىلىشى ۋە ئوقۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار بەك كىچىك بولغاچقا بىر-بىرى بىلەن ئۈرۈشاتتى ۋە ئوينايتتى.

5. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ياغلىق ئارتىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئوقۇتقۇچىلار شۇنداق قىلغانلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا تېلېفون قىلاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى قىلغان بولسا، ئوقۇتقۇچىلار ئاتا-ئانىسىنى تۇتۇپ سولايدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تېلېفون قىلىشى كېرەك. خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرغان ئەھۋاللىرى ناھايىتى كۆپ. باللار بەك بىچارە ئىدى. مەكتەپ ۋاقتى ئەتىگەن 8 تىن 12 گىچە، چۈشتىن كېيىن 2 دىن 6 گىچە ئىدى. 12دىن 2 گىچە ئۇرغۇن كىشىلەر ئۆيىگە قايتىپ چۈشلۈك ئارام ئالاتتى. قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئىشلەيتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار بىر نان سېتىۋېلىپ مەيدانغا بېرىپ چۈشلۈك تاماققا شۇ ناننى يەيتتى.

6. ھاۋارايىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەكتەپتە ھەر دۈشەنبە كۈنى بايراق چىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلاتتى. دائىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى.

7. ھەر دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئىككى سائەت يىغىنغا قاتنىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلاردىن ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا سوئال سورايتتى. جۈملىدىن دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بار-يوقلۇقى (قۇرئان ئوقۇش، رومال ئارتىش، قىزلارنى رومال ئارتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش) نى سورايتتى. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بەزى پائالىيەتلەرنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى

ۋە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى خىلاپلىق قىلسا جازا بېرىلىدىغانلىقىنى دەيتتى. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا كومپارتىيەنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇلارغا دىنىنىڭ كېسەللىك ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسە كېسەل بولۇپ قالىدىغانلىقى ۋە دىنىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئىكەنلىكى ئېيتىلاتتى.

8. مەن بالىلىق بولغانلىقىم ۋە ساقچىلار ئېرىمنى دائىملىق تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن 2016-يىلى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلدىم. بۇ بىزنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر دەخلى يەتكۈزدى. يولدىشىم ماڭا بۇيەردىن كېتىشىمنى ئېيتتى. يولدىشىمنىڭ پاسپورتى بولمىغاچقا كېلەلمىدى. بىز ئالدى بىلەن تۈركىيەگە، ئاندىن گېرمانىيەگە كەلدۇق.

**تۇغۇشنى چەكلەش تەدبىرلىرى**

9. 2015-يىلى مەن بالا تۇغۇشتىن بۇرۇن تەستىق گۇۋاھنامىسى ئېلىشىم كېرەك ئىدى (ھەر بىر بالىنى تۇغۇشتىن بۇرۇن ھككۈمەتتىن تەستىق ئېلىش شەرت ئىدى). مەن ئۈچىنچى بالامغا ھامىلدار بولغاندا، ھۆكۈمەت ماڭا بۇنىڭ ئىككى بالىلىق سىياسىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۆكۈمەت ماڭا بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئەگەر مەن ئوپراتسىيە قىلمىسام، قايتا ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن ھامىلدار بولۇپ 3 ئاي بولغان ئىدى. مەن ئۈرۈمچى خەلق دوختۇرخانىسىغا باردىم. ئەمما ئۇلاردا ناركوز يوق ئىكەن، شۇڭا يولدىشىم ئىككىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىمالىي يولىدىكى دوختۇرخانىغا باردۇق. ئۇ يەردە بىز 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تۆلىدۇق. داۋالاش تەكشۈرۈشى ئەتىگەن سائەت 10 دىن 33 مىنۇت ئۆتكەندە بولدى. مەندىكى ھامىلە سۈمۈرگۈچ ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىلدى. مېنىڭ بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەم 2015-يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 12:54 دە بولدى. يۇقىرى تەننەرخنىڭ مۇھىم قىسمى بولسا ماڭا 7 كۈن IV لازىم ئىدى، ئەكسىچە مەن پەقەت بىرلا قېتىملىق 2 سائەتلىكنى تاللىدىم، چۈنكى بۇ بىز تۆلىگەن پۇلنىڭ ئىچىدە ئىدى. قالغان كۈنلەرگە ئۆزۈم سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن يەنە IUD سالدۇرۇش ياكى تۇغماس بولۇشنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. IUD سالدۇرۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭ چىقىمىنى ئۆزىمىز تۆلەشكە توغرا كەلدى. ئۇنى سالدۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر جايغا بېرىشىم كېرەك ئىدى.

10. بىز ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولغاچقا، سېستىرا بىزنى باي دەپ ئويلاپ، ماڭا قوشۇمچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. مېنىڭ كۆپىيىش ئەزايىمدا مەسىلە بولغاچقا، ئۇلار مېنىڭ قىممەترەك ئوپېراتسىيە ئۇسۇلىنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما مەن رەت قىلدىم ۋە IUD سالدۇرۇشنى تاللىدىم. ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە IUD سالدۇرۇش بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى.

11. ئۇ كۈنى يولدىشىم ۋە بالىلىرىم مەن بىلەن بىللە ئىدى. مەھەللە ئىشخانىسىدىن ئىككى ئىشچى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشقا ئەۋەتىلدى. ئەگەر مەن ئۇلارغا ھەمراھ بولمىسام ، ئۇلار جازاغا تارتىلاتتى ۋە ئائىلىمىزنى ئايرىۋېتەتتى. بىز قورقتۇق.

12. دوختۇرخانىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللار ھامىلە چۈشۈرۈشنى ساقلاۋاتاتتى. دوختۇرخانا ئۈچ قەۋەتلىك بولغاچقا، قانچە ئادەم بارلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ يەردە پەقەت ئىككى خەنزۇ ئايال بار ئىدى. بۇ دوختۇرخانىدا ئاساسلىقى ھامىلە چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىناتتى. بەزىلىرى يولدىشى ياكى ئوغۇل دوستى بىلەن بىللە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئۆزى يالغۇز كەلگەن ئىدى. نۇرغۇن ئاياللار مەھەللە ئىشخانىسىدىن ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن كىشىلەر ساقلاپ تۇراتتى.

13. مەندە IUD ھازىرمۇ سېلىنغلىق. مەن ھەيز كەلمىگەن ۋاقىتلاردىمۇ دائىم ئاغرىق ھېس قىلىمەن. بەك ئۇزۇن تۇرسام داس سۆڭكىكىم بەك ئاغرىيدۇ. مەسىلەن، يېرىم سائەتتىن ئارتۇق يەرنى سۈرتەلمەيمەن. بەزىدە ئۇخلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاغرىيدۇ. مەن چوقۇم ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىچىشىم كېرەك. 2020-يىلىنىڭ بېشىدا، ماڭا سېلىنغلىق IUD يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەمدە ئۇ بالىياتقۇغا تاقاشقان ئىدى. مەندە بەل ئاغرىقى بار. دائىم تىك تۇرالمايمەن. ماڭا ئانتىبىئوتىك دورىلار بېرىلگەن. مەن IUD نى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بېرىشنى پىلانلىغان، ئەمما نۆۋەتتىكى تارقىلىشچان ۋىرۇس سەۋەبىدىن كېچىكتۈرۈلدى. 5-ئايدا بېرىپ ئالدۇرىۋېتىدىغان بولدۇم.

14. IUD نى سالدۇرۇشتىن بۇرۇن، مېنىڭ ئادىتىم ۋاقتى ۋاقتىدا ئىدى. ھازىر، ئادىتىم ئىنتايىن قىسقا (3 كۈنگە يەتمەيدۇ ، تەرتىپسىز ۋە ئازابلىق. ئادەتمۇ جىق كەلمەيدۇ. مەن تۇغماس بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. بالا چۈشۈرۈش ۋە IUD سالدۇرۇش ماڭا زور جىسمانىي ۋە روھىي تەسىر كۆرسەتتى. گېرمانىيەگە كەلگەندىن كېيىن، روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسىنى كۆرگىلى باردىم ۋە ئۇ ماڭا چۈشكۈنلۈككە قارشى دورىلارنى يېزىپ بەردى. مېنىڭ ئېغىر چۈشكۈنلۈك كېسىلىم بارلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ تەسىرى مەن ئويلىغاندىنمۇ چوڭ بوپتۇ. بېلىمنىڭ ئاستى قىسمى بەك ئاغرىيدۇ. ماڭساممۇ نورمال ھېس قىلمايمەن. دائىم ماغدۇرسىزلىنىمەن.

15. مەندە هاملە چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلغىنىمنىڭ ۋە IUD سالدۇرغىنىمنىڭ ئىسپاتى تا هازىرغىچە بار.

16. ئۇيغۇر ئاياللىرى 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ هامىلىنى مەجبۇرىي چۈشۈرگۈزۈۋېتىش ۋە تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلىنىپ كەلمەكتە. مەن ئاپامنىڭ تۇنجى نىكاھىدىكى ئەڭ چوڭ بالا. ئاپام قايتا توي قىلغاندا، ئۇنىڭ يەنە ئۈچ قىزى بولغان ئىدى. 1996-1997-يىللىرىمىكىن ئەيتاۋۇر، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشنى ئېيتتى ۋە ئۇلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بوۋام هۆكۈمەتتە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۇلاردىن ئۆتۈندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا IUD سالدۇرۇش رۇخسەت قىلىندى. ئاپام IUD نى بەك ئۇزۇن سالغانلىقى ئۈچۈن، 2009-يىلى 2-ئايدا بالياتقۇدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئىدى. ئۆسمە ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا IUDنى ئالغۇزمىغان. ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى تازا ياخشى قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپام ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئاغرىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئىچكى ئەزالىرىغا خەۋپ بارلىقىنى ئېيتقان. دوختۇرلار بۇنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئېيتقان. 2011-يىلى 7-ئايدا ئاپامنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئېلىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئەزالىرى چىقىرىۋېتىلگەندە ئۇ ئاران 47 ياشتا ئىدى. مەنمۇ IUD نى سالدۇرغىلى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە يولۇقۇشىمدىن ئەنسىرەيمەن.

17. 2013-يىلى 22-مارت ، يولدىشىمنىڭ دوستىنىڭ ئايالى هامىلدار ئىدى. ئۇلار ئاقسۇدىن. بۇ ئۇنىڭ تۆتىنچى قېتىم هامىلدار بولۇشى بولۇپ، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە هۆكۈمەتتىن يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئايال تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ماشىنىسى يوق. مەن يولدىشىم بىلەن ئەر-ئايال ئىككەيلەننى ئاقسۇ رايونلۇق ئانا-باللار ساغلاملىق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردۇق. سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن، دوختۇر بۇ ئايالنىڭ هامىلدار بولۇپ 40 ھەپتە بولغانلىقىنى ۋە بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ دوختۇرخانىغا بەك كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. دوختۇر هامىلىنىڭ ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، ئەمما هامىلدار ئايال بۇنىڭغا قوشۇلماي تەبىئىي تۇغۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇر هامىلدار ئايالنىڭ سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە تەبىئىي تۇغۇشنى تاللىسا هامىلىنىڭ ئەي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ رەت قىلدى.

18. ئوپېراتسىيىگە 10،000 يۈەنگە يېقىن پۇل كېتىدىغان بولۇپ 5000 يۈەننى ئالدىن تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىككەيلەن بۇنچىلىك پۇلنى چىقىرالمايتتى. دوختۇر ئۇلارغا يەنە بىرئەرزانراق تاللاش بەرگەن: يەنى يېزىلاردىكى يەرلىك تېۋىپلارغا بېرىش. ئەمما دوختۇر يەنە ئانا-بالا ئىككىلىسىنىڭ جېنىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. مەن ئۇلارغا ياردەم قىلىپ پۇلنى تۆلىۋەتتىم. ئاڭلىسام، ئۇلار كۆپ باللىق بولغانلىقى ئۈچۈن 18،000 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان. ئۇلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن.

19. مېنىڭ بىر ئوقۇغۇچۇم ئۈچ كۈن مەكتەپكە كەلمىدى. شۇڭا مەن بۇ بالىنىڭ دادىسىغا تېلېفون قىلدىم. دادىسى مەكتەپكە كېلىپ، ئايالىنىڭ هامىلدار بولۇپ توققۇز ئاي بولغاندا بايقىلىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئانا-بالا ھەر ئىككىسى قازا قىلغان. بۇلارنى دەپ دادىسى يىغلاپ كەتتى. ئوقۇغۇچۇمنىڭ مەكتەپكە نەچچە كۈن كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەپ ئەسلى مۇشۇ ئىكەن.

**مەجبۇرىي ئەمگەك**

20. ھەر يىلى 24-فېۋرالدىن مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئوقۇتقۇچىلار كەم دېگەندە ئۈچ كۈن بېرىپ قول سېلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. مەكتەپلەر تاقىلاتتى. مەكتەپ خىزمەتچىلەرنى قۇملۇققا ياكى چۆلدەرەپ قالغان باشقا جايلارغا ئاپىراتتى. خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە ئادەم بېرىشى كېرەك ئىدى.

21. مەجبۇرىي ئەمگەك بايرىمى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ 90-يىللاردا باشلانغان. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىدىم. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بىزنى ئېتىزغا ئېلىپ بېرىپ يەرنى كولاپ قۇرتلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى. بىزدە 50 نى تۇتۇش نورمىسى بار ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق، ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا مەن ئۈندىداردا پاراڭلاشقان بىر قانچە كىشىمۇ مۇشۇ خىل ئەمگەككە قاتنىششقا مەجبۇر بوپتۇ.

22. خىزمىتىمىز ئاساسلىقى 50-60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئورەك كولاپ، ئاندىن كۆچەت تىكىش ئىدى. بەزىلەر سىزغۇچ بىلەن بىللە تۆشۈكلەرنى تەكشۈرگىلى كېلەتتى.

23.دۆلەت بۇ كىشلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەگەر ئۇلار بارمىسا ، ئۇلارنىڭ مائاشى ۋە تەمىناتى ئېلىۋېتىلىدۇ دەيتتى.

24. مەن بۇ پائالىيەتنىڭ 2000-يىلى باشلانغانلىقىنى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى بازىسى بولسىلا ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

25. قىزىق سۇ ۋە نان بېرىلەتتى. ياكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارنى شۇ يەردە يېدۇق. ھەممە يەرنى توپا بېسىپ كېتەتتى.

26. ئەگەر بىر ئادەم ئۈچ كۈن ئىچىدە خىزمىتىنى تاماملىيالمىسا، ئۇلار ماشىنا ھەيدەپ قايتا بېرىپ، ئىش تاماملانغۇچە داۋاملىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. بەزىدە ئاياللار بەك چارچاپ كەتكەچكە، ئۇلارغا بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشچىلارغا ھەق بېرەتتى.

27. ھۆكۈمەت بۇ ۋاقىتتا «كۆچەت تىكىش بايرىمى»نى تەسىس قىلىپ، بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مېنىڭچە كىچىك ۋاقتىمدا مۇھىت تېخىمۇ ياخشى ئىدى.

28. لېيفىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل مەجبۇرىي ئەمگەك بايرىمى بار. 15-مارتتىن باشلاپ 5 كۈن كۆپچىلىككە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش، تازىلىق ئەھلىيەھلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئەتراپنى تازىلاش، يول ياقىسىنى تازىلاش بۇيرۇلاتتى. ئەگەر ئۇلار ئەمەل قىلمىسا، مەكتەپ ئاتا-ئانىسى بىلەن پاراڭلىشاتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالالمايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالاتتى.

29. مەن بەش يىلدىن بۇيان ئاتا-ئانام بىلەن ئالاقىلىشالمىدىم. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئىجتىمائىي ئالاقە توربىدىن چىقىرىۋەتتى. يولدىشىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنىمۇ ياكى قايتا توي قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن كومپارتىيەنىڭ ئائىلەمگە تەھدىت سالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن. شۇڭلاشقا ئۇلار مەن بىلەن سۆزلەشمەيدۇ.

30. مەن دائىم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى ئويلايمەن. ياشاشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتەك ھېس قىلىمەن. مەن پەقەت ئىككى بالام سەۋەبىدىن ئۈمىدۋار ياشاۋاتىمەن. ئائىلەمنى پارچىلىۋەتكەن كوممۇنىستىك پارتىيەدىن بېسىم كەلمەكتە. مەن ئائىلەمدىن، يولدىشىمدىن ۋە دادامدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. بۇ بىر چوڭ بېسىم. چاچلىرىمغا بەك جىق ئاق چۈشۈپ كەتتى. چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم. ئۆزۈمنى بىراقلا بەك قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**